# شىنجاڭ گېزىتى

ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ · شىنجاڭ گېزىتى · 新疆日报

2020 ـ يىل 10 ـ ئاي
16
جۈمە
维吾尔文 10 月16日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25216 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


جۇڭگو ـ ئېكۋاتور گىۋىنىيەسى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

## شى جىنپىڭ ئېكۋاتور گىۋىنىيەسى زۇڭتۇڭى ئوبىئاڭ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

## تېخىمۇ كۆپ «باھار ھېكايىسى»نى داۋاملىق يېزىش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقى ھەم گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

## مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

>> 2 ـ بەتتە

شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىدا مېڭىش، يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك



10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ چاۋجوۋ قەدىمىي شەھىرى پەيفاڭ كوچىسىدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ئاممىغا قول ئىشارىسى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى



10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ شەنتوۋ شەھىرىدىكى كىچىك باغچە كەيىۋ رايونىنىڭ شەنتوۋ سودا پورتى مەدەنىيەت كۆرگەزمىخانىسىدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ، شەنتوۋ سودا پورتى تارىخى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم كېيىنكى قەدەمدىكى تەرەققىيات يىرىك پىلانى ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ياخشىلاش قاتارلىق تەرەپلەردە يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى نامايان قىلىپ، تىرىشىپ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىدا مېڭىش، يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ۋە شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا ۋە شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ياش كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشى، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىشى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلارنى باتۇرلۇق بىلەن مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىگە يۈزلىنىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، بۇرچنى تېخىمۇ ياخشى زىممىسىگە ئېلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە تاۋلىنىش، سىياسىيدا چېنىقىش، ئەمەلىيەتتە چېنىقىش، كەسىپ جەھەتتە مەشىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئاڭلىق ھالدا كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى، سادىق ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇش كېرەك؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

گېزىتىمىز ئوبزورچىسى ماقالىسى >> 4 ـ بەتتە

## شىنجاڭ ھېكايىسىنى مەردانىلىك بىلەن ياخشى سۆزلەيلى

—— 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

## گوۋۇيۈەننىڭ 14 ـ ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى ھەم ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى جىپسىلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەننىڭ 7 ـ قېتىملىق چوڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەننىڭ 14 ـ ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خىزمەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ھەيدەكچىلىك قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

«ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش»نى چۆرىدەپ كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)